# ئابدە! جۇڭگونىڭ ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى 100 تىرىليون يۈەندىن ئاشتى

(بېشى 1-بەتتە)

2-چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە بولغانغا قەدەر، جۇڭگونىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىدە تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، بۇنى ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىدىكى مۆجىزە دېيىشكە بولىدۇ.

جۇڭگو ئىقتىسادىدا ئۇلۇغ ھالقىشنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت تارىخىي تاللاشنىڭ مەھسۇلى. 1978-يىلى، جۇڭگونىڭ GDPسى 367 مىليارد 900 مىليون يۈەن، دۇنيا ئىقتىسادىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى %1.7 بولۇپ، دۇنيا بويىچە 11-ئورۇندا تۇراتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، جۇڭگو ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلدى، 1986-يىلى GDP 1 تىرىليون يۈەنلىك ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى، 2000-يىلى 10 تىرىليون يۈەنلىك ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئىتالىيەدىن ئېشىپ، دۇنيادىكى 6-چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلاندى، 2010-يىلى 40 تىرىليون يۈەنلىك ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ياپونىيەدىن ئېشىپ، دۇنيادىكى 2-چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلاندى، دۇنيا ئىقتىسادىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى %9.2كە يەتتى.

پارتىيە 18-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، جۇڭگو ئىقتىسادى سىجىل ئۇچقاندەك يۈكسەلدى. 2016-يىلى، 2017-يىلى GDP ئۇدا 70 تىرىليون يۈەنلىك، 80 تىرىليون يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەلدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، 2018-يىلى 90 تىرىليون يۈەنلىك ئۆتكەلگە قەدەم قويۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى %16تىن ئاشتى.

2020-يىلى، يۇقۇم چوڭ سىنىقى ئالدىدا، دۆلىتىمىز باشلامچىلىق بىلەن يۇقۇمنى تىزگىنلەپ، باشلامچىلىق بىلەن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، باشلامچىلىق بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئېشىشنى مەنپىيدىن مۇسبەتكە ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىدىكى ئۈلۈشى 2019-يىلىدىكى %16.3تىن %17 ئەتراپىغا ئۆرلىدى.

بۇ نەتىجە ھەقىقەتەن ئاسان قولغا كەلگەن ئەمەس، جۇڭگو يەر شارى ئىقتىسادىدا ۋەزنى تېخىمۇ ئېغىر، ئۈنۈمدارلىقى تېخىمۇ يۇقىرى باشلامچىغا ئايلىنىۋاتىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، دۆلىتىمىزدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان GDP يەنىلا دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن سەل تۆۋەن، ئاساسلىق تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن يەنىلا بىرقەدەر چوڭ پەرقىمىز بار.

بۇنىڭغا قارىتا، نىڭ جىجې مۇنداق دېدى: دۆلىتىمىز يەنىلا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت، تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى يەنىلا گەۋدىلىك، تەرەققىيات كەلگۈسى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنىلا جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىدا: 2035-يىلىغا بارغاندا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈلىدۇ، دەپ يېڭى ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈلدى. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، بۇ، ھازىرقى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 2035-يىلىغا بارغاندا دۆلىتىمىز GDPسىنىڭ ھازىرقى 100 تىرىليون يۈەن ئاساسىدا بىر قاتلىنىپ، 200 تىرىليون يۈەنگە يېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىكەن.

---

(بېشى 1-بەتتە)

«ھازىر پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا كۆلەملەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، دورا چېچىش قېتىم سانى ئازايدى، پاختا ھوسۇلى تېخىمۇ ئاشتى.» مارالبېشى ناھىيەسى جۇڭقۇچاق يېزىسى ئاقتوغراق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەخسۇم ئابلەتنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ يېرى بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، سۇ تېجەپ سۇغىرىش، ماشىنىلاشقان مەشغۇلات قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلارنىڭ ھەممىسى قوللىنىلىپ، پاختىنىڭ مو بېشى ھوسۇلى ئىلگىرىكى 200 كىلوگرامدىن 380 كىلوگرامغا يەتكەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون خىمىيەۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىشلىتىشتە يېشىل بولۇشنى پائال تەلەپ قىلدى. پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ، يېڭىچە يېزا ئىگىلىك تىجارەت سۇبيېكتلىرى، كەسپىيلەشكەن مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرىغا تايىنىپ، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش شەكلىنى تېز ئۆزگەرتىپ، يېشىل ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش، بىرتۇتاش ئالدىنى ئېلىش، بىرتۇتاش تىزگىنلەشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ مىقدارىنى ئازايتىپ زىيىنىنى تىزگىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى.

بۇ جەرياندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە ئۈچ دەرىجىلىك زىرائەتلەردىكى كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىنى كۆزىتىش-ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ، كۆزىتىش-ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىشنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ۋە دەل جايىدا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇش ئارقىلىق، زىرائەتلەردىكى كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىنىڭ يېشىل ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ مىقدارىنى ئازايتىپ زىيىنىنى تىزگىنلەش، يېشىل ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش، بىرتۇتاش ئالدىنى ئېلىش، بىرتۇتاش تىزگىنلەش قاتارلىق تۈرلۈك ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىدىن 400دىن كۆپرەكى قۇرۇلۇپ، تەسىر كۆرسىتىش، تۈرتكە بولۇش كۆلىمى 12 مىليون مودىن ئاشتى، ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىدا ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش تېخنىكىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى %90تىن كۆپرەككە يەتتى، دورا ئىشلىتىش قېتىم سانى ئىككى-ئۈچ قېتىم ئازايدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئادەمسىز ئۇچقۇچىلىق ئاسراش ماشىنىسى، چوڭ تىپتىكى ئۆسۈملۈك ئاسراش ماشىنىسى قاتارلىق «ئالىي، سەرخىل، قابىل» ئۆسۈملۈك ئاسراش ئۈسكۈنىلىرى كىچىك تىپتىكى تۆۋەن ئۈنۈملۈك دورا چېچىش ماشىنىلىرىنىڭ ئورنىنى ئالدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئادەمسىز ئۇچقۇچىلىق ئاسراش ماشىنىسىنىڭ ساقلىنىش مىقدارى 2800دىن ئېشىپ، مەشغۇلات كۆلىمى 26 مىليون موغا يەتتى، قوللىنىلىش دائىرىسى ئاشلىقتىن مېۋە-چېۋە، كۆكتات قاتارلىق كۆپ خىل زىرائەتكە كېڭەيدى.

ئاپتونوم رايونىمىز يەنە تېرىلغۇ يەر سۈپىتىنى قوغداش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتى، خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ئورنىغا ئورگانىك ئوغۇت ئىشلىتىش ھەرىكىتى بىلەن ماس قەدەمدە قانات يايدۇرۇپ، تۇپراقنى ئۆلچەپ رېتسېپلىق ئوغۇتلاش، شاخ-شۇمبىلارنى ئېتىزغا قايتۇرۇش، مەھەللىۋى ئوغۇتنى ئوكسىگېنلىق يېغىپ تەييارلاش قاتارلىق تۇپراقنىڭ ئورگانىك ماددا تەركىبىنى ئاشۇرۇش ۋە يەرنىڭ مۇنبەتلىكىنى ئاشۇرۇشقا دائىر بىر قاتار يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئەندىزىنى نۇقتىلىق كېڭەيتىپ، خىمىيەۋى ئوغۇتتىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ ئىلمىي ئوغۇتلاش ئېڭىنى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتتى.

ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 2020-يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئورگانىك ئوغۇت ئىشلىتىش ئومۇمىي مىقدارى 59 مىليون 425 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %2.76 ئاشقان، 3 مىليون 324 مىڭ مو يەردە يېشىل ئوغۇت بىلەن تېرىقچىلىق قىلىنىپ، نامۇۋاپىق ئوغۇتلاش ھادىسىلىرى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسلىق زىرائەتلەرنىڭ يېشىل ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %30تىن كۆپرەككە يەتكەن، كەسپىيلەشكەن بىرتۇتاش ئالدىنى ئېلىش، بىرتۇتاش تىزگىنلەش بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %38تىن كۆپرەككە يەتكەن. تېرىقچىلىقتا دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلىتىش مىقدارىدا ئۇدا تۆۋەنلەش يۈزلىنىشى كۆرۈلگەن، يېزىلارنىڭ دائىرىلىك، مەنبەلىك بۇلغىنىشى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەنگەن.

## ئاق رەڭلىك بۇلغىنىش تۈزەلدى

2020-يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا يەنە مول ھوسۇل ئېلىندى، كېۋەز كۆلىمى، بىرلىك ھوسۇلى، ئومۇمىي ھوسۇلى، تاۋار مىقدارى، يۆتكەپ چىقىرىش مىقدارى ئۇدا 26 يىل مەملىكەت بويىچە 1-ئورۇندا مۇقىم تۇردى، سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسلىق ئورنى سىجىل مۇستەھكەملەندى.

پاختىچىلىق كەسپى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش بىلەن بىللە، پاختا ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىۋاتقان سولياۋ يوپۇقمۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

سولياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىش تېخنىكىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پاختىچىلىق كەسپىدە سىجىل يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش، مۇقىم ھوسۇل ئېلىش ۋە كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن سولياۋ يوپۇق قالدۇقىدىن بۇلغىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ۋاقتىدا يىغىۋېلىنمىغان سولياۋ يوپۇق پارچىلىرى مۇھىتنى ئېغىر بۇلغاپلا قالماي، يەنە تۇپراق قۇرۇلمىسىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىدا سولياۋ يوپۇق ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش نىزامى» «ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىدا كېرەكسىز، كونا سولياۋ يوپۇقتىن بۇلغىنىشنى تۈزەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى» قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك تەدبىر ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ چىقىرىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە ئىشلەپچىقىرىلغان، سېتىلغان، ئىشلىتىلگەن دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىدىكى سولياۋ يوپۇقتا جەزمەن مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك يەرلىك ئۆلچەمنى ئىجرا قىلىش بەلگىلىنىپ، لاياقەتسىز سولياۋ يوپۇقلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىدىكى ساختىلىققا زەربە بېرىش ھەرىكىتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىدىكى سولياۋ يوپۇقنى باشقۇرۇش خىزمىتى قانۇنچىللىشىش ئىزىغا سېلىندى.

مۇشۇ ئاساستا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە سولياۋ يوپۇقنى يىغىۋېلىپ پايدىلىنىش ۋە بۇلغىنىشنى تۈزەش خىزمىتى سالمىقى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇلدى، ھەرقايسى جايلاردىكى يېزا ئىگىلىكى، يېزا تارماقلىرى سولياۋ يوپۇقنىڭ مىقدارىنى ئازايتىش ۋە سولياۋ يوپۇقنىڭ ئورنىغا باشقىنى دەسسىتىش تېخنىكىسىنى كەڭ كۆلەمدە تەجرىبە قىلىپ، ئۈلگە كۆرسىتىپ، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، يېڭىچە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق سولياۋ يوپۇقنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارىنى ئازايتىپ، سولياۋ يوپۇقنى يىغىۋېلىش نىسبىتىنى ئۆستۈردى. 2020-يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا سولياۋ يوپۇق يېپىلغان كۆلەم 2017-يىلدىكىدىن 3 مىليون موغا يېقىن ئازايدى.

كېرەكسىز، كونا سولياۋ يوپۇقنى يىغىۋېلىپ قايتا پايدىلىنىش خىزمىتىمۇ تەڭ قەدەمدە ئالغا سىلجىتىلدى. 2017-يىلدىن 2020-يىلغىچە، يېزا ئىگىلىكى-يېزا مىنىستىرلىقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كېرەكسىز، كونا سولياۋ يوپۇقنى يىغىۋېلىپ پايدىلىنىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىدىغان 40 ناھىيەنىڭ تۈر قۇرۇلۇشىنى سىجىل قوللىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى يېزا ئىگىلىكى، يېزا تارماقلىرى كېرەكسىز، كونا سولياۋ يوپۇقنى يىغىۋېلىپ پايدىلىنىش تۈرىگە تايىنىپ، سولياۋ يوپۇقنى يىغىۋېلىپ پايدىلىنىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كېرەكسىز، كونا سولياۋ يوپۇقنى گۆھەرگە ئايلاندۇردى. ئىگىلىنىشچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ھازىر كېرەكسىز، كونا سولياۋ يوپۇقنى پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدىن 90دىن كۆپرەكى، يىغىۋېلىش تور نۇقتىسىدىن 700دىن كۆپرەكى، تۈرلۈك يىغىۋېلىش ماشىنىسىدىن 17 مىڭدىن كۆپرەكى بار ئىكەن.

«بۇ يىل بىز 300 توننا كېرەكسىز، كونا سولياۋ يوپۇقنى يىغىۋالدۇق، پىششىقلاش ئارقىلىق كېرەكسىز، كونا سولياۋ يوپۇقتىن قايتا پايدىلىنىمىز.» ساۋەن ناھىيەسى داچۈەن يېزىسى چاڭفېڭ سولياۋ بۇيۇملار زاۋۇتىنىڭ مەسئۇلى ۋاڭ جياڭبىن مۇنداق دېدى: كارخانىمىز مەخسۇس كېرەكسىز، كونا سولياۋ يوپۇقنى پىششىقلاش ئۈسكۈنىسى زاكاز قىلدى، بۇ ئۈسكۈنە ئارقىلىق كېرەكسىز، كونا سولياۋ يوپۇقنى قايتىدىن سولياۋ دانىچە قىلىپ ئىشلەپچىقىرىپ، تۆۋەن ئېقىندىكى تېمىتىپ سۇغىرىش شلانكىسى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىپ، بۇلغىنىشنى ئازايتىش بىلەن بىللە، كارخانىنىڭ تەننەرخىنى تېجەپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۆلتۈر پۈتۈن ئاپتونوم رايون(بەرلىك)نىڭ سولياۋ يوپۇق ئىشلىتىش مىقدارى 160 مىڭ توننىغا يەتكەن، بۆلتۈر 12-ئاينىڭ 10-كۈنىگىچە، 121 مىڭ 300 توننا كېرەكسىز، كونا سولياۋ يوپۇق يىغىۋېلىنىپ، سولياۋ يوپۇقنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %75.8كە يەتكەن، بۇ يىل ئەتىيازدا سولياۋ يوپۇقنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، 2020-يىللىق سولياۋ يوپۇقنى يىغىۋېلىش نىسبىتىنى %80تىن ئاشۇرۇش نىشان-ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىكەن.

## تۇرمۇش مۇھىتى گۈزەللەشتى

يېشىل يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىلىش بىلەن بىللە، ئىلمىي، ساغلام تۇرمۇش شەكلى ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىدا تېز ئومۇملاشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پاكىز ھاجەتخانىلار تېزلىكتە سېلىندى، پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار مۇھىت كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ئەخلەت، يۇندىنى تۈزەش ئىقتىدارى مۇقىم ئاشتى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلارنىڭ قىياپىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولۇپ، قاتار-قاتار گۈزەل كەنتلەر «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغلار ساقلاپ قېلىنغان، يۇرتنى سېغىندۇرىدىغان» ياخشى جايغا ئايلاندى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق مەمۇرىي كەنتلەر ئىشنى دېھقانلار ئۆزلىرى قول سېلىپ قىلالايدىغان، ئاسان يولغا قويغىلى بولىدىغان، ئاسان ئۈنۈمى كۆرۈلىدىغان كەنت مۇھىت تازىلىقىنى تۈزەشتىن باشلاپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئاساندىن قىيىنغا ئۆتۈپ، كەنتلەرنى تازىلاش ھەرىكىتىنى تەدرىجىي ئالغا سىلجىتتى.

«ئىلگىرى، كەنت يوللىرى توپا يول ئىدى، ھەم تار ھەم مېڭىش تەس ئىدى، ھازىر كەنت يوللىرى ئاسفالتلاشتى، كەڭ ھەم پاكىز. كەنت مۇھىتى ياخشىلاندى، بىز دېھقانلار ئارامگاھنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق كىرىمىمىزنى ئاشۇردۇق» دېدى لوپ ناھىيەسى چارباغ يېزىسى كۇچا ئېرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئارزۇگۈل مەمەت. بۈگۈنكى كۈندە، كۇچا ئېرىق كەنتى ناھىيە بازىرىغا يېقىن بولۇشتەك رايون ئەۋزەللىكى ۋە يېپيېڭى كەنت قىياپىتىگە تايىنىپ، لوپ ناھىيەسىدىكى ئامما ۋە شەھەر ئەتراپى ساياھىتىدىكى قارشى ئېلىنىدىغان جايغا ئايلاندى.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بۆلتۈردىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 5 مىليون 300 مىڭ ئادەم قېتىم كەنتلەرنى تازىلاش ھەرىكىتىگە قاتناشقان، جەمئىي 3 مىليون توننىدىن ئارتۇق ئەخلەت تازىلانغان، 110 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق ئېرىق-ئۆستەڭ تازىلانغان، 6 مىليون توننىدىن ئارتۇق تۈرلۈك تاشلاندۇق، 440 مىڭ جايدىكى تاشلاندۇق تام-كېسەك تازىلانغان، يېزىلارنىڭ قىياپىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە دېھقانلارغا سەھىيە-ساغلاملىق ۋە يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، مەدەنىي، ساغلام تۇرمۇش شەكلىنى يېتىلدۈردى.

ھازىر، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش خىزمىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ دېھقان ئاممىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى، كەنت قىياپىتى ياخشىلىنىش بىلەن بىللە، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىپ ھاللىق سەۋىيەگە يۈرۈش قىلىش ئىشەنچى تېخىمۇ تولۇپ تاشتى، زامانىۋى، مەدەنىي تۇرمۇش شەكلى ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندى، يېزا مۇھىتى تاشقى گۈزەللىكتىن ئىچكى گۈزەللىككە، سىجىل گۈزەللىككە قاراپ ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرمەكتە.

---

# «100 يىللىق يولدا كۈرەش قىلىش يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش» چوڭ تېپتىكى باش تېمىلىق زىيارەت پائالىيىتى باشلاندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1-ئاينىڭ 18-كۈنى تېلېگراممىسى** 1-ئاينىڭ 18-كۈنى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى دۆلەت مۇزېيىدا «100 يىللىق يولدا كۈرەش قىلىش يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش» چوڭ تېپتىكى باش تېمىلىق زىيارەت پائالىيىتىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى خۇاڭ كۈنمىڭ قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى، ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى بىر چوڭ ئىش، تارىخىي ئۇلۇغ ئىشلارنى خاتىرىلەپ، 100 يىللىق سالاپەتنى نامايان قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ھېكايىسىنى تەسىرلىك، جانلىق، ياخشى سۆزلەپ، كوممۇنىستىك پارتىيە ياخشى دېگەن ئاساسىي مېلودىيەنى تەڭ ياڭرىتىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 100 يىللىق تۇغۇلغان كۈننى بىرلىكتە تەبرىكلەيدىغان، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىدىغان قويۇق كەيپىياتنى زور كۈچ بىلەن يارىتىش كېرەك.

خۇاڭ كۈنمىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 100 يىللىق مۇساپە قاينام-تاشقىنلىققا تولغان، 100 يىللىق ئەسلى مەقسەت ئۇزاق تارىخىي جەرياندا مۇستەھكەملەنگەن. تارىخنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا كىرىپ، كونا ھېكايىلەرنى جانلىق بايان قىلىپ، يېڭى ھېكايىلەرنى چوڭقۇر قېزىپ، 100 يىللىق چوڭ پارتىيەنىڭ ئارزۇسى ۋە ئىنتىلىشى، ھېسسىياتى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئومۇميۈزلۈك نامايان قىلىپ، پارتىيە 18-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان پارتىيەنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئۇلۇغ كۈرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ئۇلۇغ ئىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئالغا سىلجىتىشتا قولغا كەلتۈرگەن تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى گەۋدىلىك نامايان قىلىش كېرەك. خەلقنىڭ قەلبىگە كىرىپ، پارتىيەمىزنىڭ باشتىن-ئاخىر خەلق ئويلىغاننى ئويلايدىغانلىقىنى، خەلق بىلەن بىللە ئىشلەيدىغانلىقىنى، مەڭگۈ خەلق بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش ئىكەنلىكىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك. ئىدىيەۋى ئېگىزلىككە كىرىپ، ھەرقايسى تارىخىي مەزگىللەردە تاۋلانغان ئۇلۇغ روھنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۇنىڭدا مۇجەسسەملەنگەن مول ماھىيەتلىك مەزمۇن ۋە دەۋر قىممىتىنى چوڭقۇر قېزىش كېرەك. كۈرەشنىڭ بىرىنچى سېپىگە كىرىپ، كادىرلار، ئاممىنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشتەك روھىي قىياپىتىنى نامايان قىلىپ، مەۋقەنى يېڭى باسقۇچقا قويۇش، يېڭى مۇساپىدە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

مەركەز ۋە يەرلىكتىكى ئاساسلىق تاراتقۇلارنىڭ تەھرىر، مۇخبىرلار ۋەكىللىرى بېيجىڭدىكى ئاساسىي يىغىن مەيدانى ۋە ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەردىكى شۆبە يىغىن مەيدانلىرىدا باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

---

مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى

# 2020 «ئەڭ گۈزەل ئاساسىي قاتلام خەلق ساقچىلىرى»نىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى ئېلان قىلدى

## شىنجاڭدىن بىر خەلق ساقچىسى سايلاندى بىر خەلق ساقچىسى ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1-ئاينىڭ 18-كۈنى تېلېگراممىسى** باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى ساقچى بايرىقى بېرىش مۇراسىمىدىكى مۇھىم تەلىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۇنجى قېتىملىق جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى بايرىمىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى يېقىندا پۈتۈن جەمئىيەتكە 2020 «ئەڭ گۈزەل ئاساسىي قاتلام خەلق ساقچىلىرى»نىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلدى، ئېلان قىلدى.

بۇ قېتىم ئېلان قىلىنغان 2020 «ئەڭ گۈزەل ئاساسىي قاتلام خەلق ساقچىلىرى» فۇ تيەنلېي، جاڭ يەن، سىرى گۈلبىڭ، چېن شۈەي، شېن يۈنرۇ، شۈەن خېڭ، سۇ خەيفۇ، جيا مىڭيى، شياۋ جېنبو، ليۇ جۈن، ئەن جى، چېن زىلى (ئايال)، خې چياۋ (ئايال)، شيۇڭ جۇڭخۇا، خې شياۋدۇڭ، رېن جيەنخۇا، تاۋ يۈڭشېڭ، جاۋ لىن، ياڭ دۇڭبو، لى چىڭفېڭ قاتارلىق 20 سايلانغۇچىنى ھەمدە يىن گاڭ، لى شۇ(ئايال)، جاڭ ۋېي، ۋاڭ جيەنفېڭ، لۇ خۇڭبو، لى يۇڭ، مېي يۈشېڭ، دېڭ جۇخۇا، ۋاڭ شياۋشۇاڭ، خۇ لېي، خې لىيۈەن، سىربىن لاڭجۇ، چېڭ لياڭ، يې جەنجۈن، قۇۋانىش پولات، ۋاڭ يۈچۈن، لۇ تاۋ قاتارلىق 17 ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئامما ئارىسىدا يىلتىز تارتىپ، پۇقرالارغا مۇلازىمەت قىلىشتا مەڭگۈ توختاپ قالمىغان ساقچىخانا خەلق ساقچىسى بار؛ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىپ، جىنايەتچىلەرگە زەربە بەرگەن پاراسەتلىك ھەم باتۇر جىنايى ئىشلار رازۋېدكا خەلق ساقچىسى بار؛ قارشى يۆنىلىشتە ئىلگىرىلەپ، خەتەرلىك جايلاردا قۇتقۇزۇشقا قاتناشقان زەربىدار ئالاھىدە ساقچى بار؛ يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، قانۇن ئىجرا قىلىش مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەن قاتناش خەلق ساقچىسى بار؛ يەنە باتۇر، قورقماس، ئىسسىق قېنى بىلەن ساداقىتىنى تاۋلىغان زەھەر چەكلەش خەلق ساقچىسى؛ چېگرا رايوندا دۆلەت دەرۋازىسىنى قوغداۋاتقان كۆچمەنلەرنى باشقۇرۇش ساقچىسى؛ پۇقرالارنىڭ سەپەردىكى ئامانلىقىنى قوغدايدىغان تۆمۈريول جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى؛ چوڭ دۆلەت ساقچىلىرىنىڭ خىسلىتىنى نامايان قىلغان چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق ساقچى ئىشلىرى ئالاقە ئەمەلدارلىرى قاتارلىقلار بار. ئۇلار يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانىدا باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، خىزمەت ئورنى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن باشتىن-ئاخىر پولاتتەك غايە-ئېتىقاد، پولاتتەك مەسئۇلىيەتچانلىق-دادىللىق، پولاتتەك كۈچلۈك قابىلىيەت، پولاتتەك ئىنتىزام-ئىستىل بىلەن، قەتئىي تۈردە سىياسىي بىخەتەرلىكنى قوغداپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىنى قوغداپ، خەلقنىڭ خاتىرجەملىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئىسسىق قېنى، قان-تەرى، ھەتتا ھاياتى ئارقىلىق پارتىيەگە سادىق بولۇش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش، ئىنتىزامنى چىڭىتىش ئومۇمىي تەلىپىنى سادىقلىق بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت خەلق ساقچىلىرىنىڭ ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەش، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇشتەك ياخشى ئوبرازىنى تولۇق نامايان قىلدى.

ئېلان قىلىش مۇراسىمى نەق مەيداندا سىنلىق كۆرسىتىش، شەخسلەرنى زىيارەت قىلىش قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلىپ، ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى ۋە خىزمەت، تۇرمۇش تەسىراتلىرى بايان قىلىندى. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار ئۇلارغا «ئەڭ گۈزەل ئاساسىي قاتلام خەلق ساقچىسى» گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى.

كەڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرى بەس-بەستە مۇنداق بىلدۈردى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19-قۇرۇلتىيى ۋە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2-، 3-، 4-، 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم تەلىم سۆزىنىڭ روھى ۋە مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «ئەڭ گۈزەل ئاساسىي قاتلام خەلق ساقچىلىرى»نى ئۈلگە قىلىپ، ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جاسارەت بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، تىنچ جۇڭگو، قانۇنچىل جۇڭگو قۇرۇلۇشىغا پائال ئاتلىنىپ، تىرىشىپ «ئىككى چوڭ مۆجىزە»نىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈش ئۈچۈن يېڭى تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇپ، ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋالىمىز.

شىنجاڭدىن ئىككى خەلق ساقچىسى مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى نەزەرباغ ساقچىخانىسىنىڭ جياۋداۋيۈەنى تاۋ يۈڭشېڭ «ئەڭ گۈزەل ئاساسىي قاتلام خەلق ساقچىسى» بولۇپ باھالاندى، بالباغاي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى خېدۇڭ ساقچىخانىسىنىڭ مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى قۇۋانىش پولات ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1-نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)